# ئاخىر زامان ۋە قىيامەت ئالامەتلىرى

تەرجىمىدە : ھېيتاخۇن مەتمىن

1.1.2001



بىزنى يوقتىن بار قىلغان ۋە بارلىقىدىن خەۋەردار قىلغان ئاللاھ تەئالاغا چەكسىز مەدھىيەلەر بولسۇن!

ئۈنىڭ ئەڭ ئاخىرقى رەسۇلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا سالام بولسۇن!

قولىڭىزدىكى بۇ رىسالە 2001-يىلدىكى ھەدىس ئوقۇش جەريانىدا قالدۇرۇپ ماڭغان خاتىرە دەپتىرىم بولۇپ باشقىلارنىڭمۇ پايدىلىنىپ قىلىشى ئۈمىدى بىلەن ئېلكتاپ قىلىپ تارقاتتىم.

خاتا جايلىرى بايقالسا،تەنقىدى پىكىر بېرىشىڭلارنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمەن.

ھۆرمەت بىلەن

ھېيتاخۇن مەتىمىن

# ئاخىر زامان ۋە قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى

## 1. مىنىڭ پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلىشىم

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«مەن بىلەن قىيامەت مۇشۇنداق يېقىن قىلىپ ئەۋەتىلدىم» - دەپ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارمىقىنى قوشۇپ كۆرسەتتى. [بۇخارى، مۇسلىم]

## 2. ناخشىچى ئاياللار

ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە رەسۇلۇللا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم :

«بۇ ئۈممەت ئىچىدە يەر يۇتۇش، شەكلى (ھايۋان سۈرىتىگە) ئۆزگۈرۈپ كېتىش ۋە چالما كېسەك بىلەن ئۇرۇش جازاسى يۈز بېرىدۇ»- دېدى. مۇسۇلمانلار ئارىسىدىن بىر كىشى: «ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، بۇ قاچان مەيدانغا كېلىدۇ؟»- دەپ سورىۋىدى: «ناخشىچى ئاياللار بىلەن چالغۇ-ئەسۋاپلار ئومۇملاشقان ۋە ھاراق-شاراپلار كۆپ ئىچىلگەن ۋاقىتتا» - دېدى. [تىرمىزى- فىتنە]

## 3. ئالقىنىدا چوغنى تۇتقان كىشىگە

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، پەيغەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«ئىنسانلارغا شۇنداق بىر دەۋر يېتىپ كېلىدۇكى ئۇ چاغدا دىنى (دىنى كۆرسەتمىلەرگە ئۇيغۇنلىشىشتىكى) توسقۇنلۇقلارغا بەرداشلىق بەرگۈچى، ئالقىنىدا چوغنى تۇتقان كىشىگە ئوخشايدۇ. [تىرمىزى-فىتنە]

## 4. ئاجىزلىق تۇيغۇسى

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

«خۇددى ئاچكۆز تويماس ئادەملەر تاماققا ھوجۇم قىلغاندەك، سىلەرگە مىللەتلەرنىڭ بىرلىكتە ھوجۇم قىلىشى يىراق ئەمەس.» بىرەيلەن: «يا رەسۇلۇللاھ! ئۇ كۈنلەردە بىزنىڭ سانىمىز ئاز بولغانلىقتىن شۇنداق بولامدۇ؟»-دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ياق، سانىڭلار كۆپ بىراق سەل يۇزىدىكى كۆپۈكتەك ھالغا چۈشۈپ قالىسىلەر، ئاللاھ دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ قەلبىدىن سىلەرگە قارىتا ۋەھىمىنى كۆتۈرىۋېتىدۇ ۋە قەلبىڭلارغا ئاجىزلىق تۇيغۇسىنى تاشلايدۇ»-دېدى. بىرەيلەن يەنە: «يا رەسۇلۇللاھ! "ئاجىزلىق تۇيغۇسى"

دىگەندىن نىمىنى مەقسەد قىلماقچى؟- دەپ سورىغان ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم «دۇنياغا ئاشىق بولۇپ ئۆلۈمدىن نەپرەتلىنىش»-دەپ جاۋاپ بەردى. [ئەبۇ داۋۇت]

## 5. ئۇ ۋاقىتتا قىزىل شامال... بالايى-ئاپەتلىرىنى كۈتۈڭلار!

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«ئۈممىتىم 15 تۈرلۈك ئىشنى قىلسا، بالايى-ئاپەتكە دۇچار بولىدۇ»-دىگەن. «يا رەسۇلۇللاھ! ئۇلار نىمە ئىشلاردىن ئىبارەت؟» دەپ سورالغاندا:

«ئولجىغا چۈشكەن مال مونوپول قىلىۋېلىنسا، ئامانەت قويۇلغان نەرسە ئولجا ئېلىنسا، زاكات ئالۋاڭ دەپ قارالسا، ئەر كىشى ئايالىنىڭ ئاغزىغا قارايدىغان بولۇپ قالسا، كىشى ئانىسىنى قاخشاتسا، دوستىغا (ياخشى-يامان ھەممە ئىشتا) بوي سۇنسا، ئاتىسىنى نارازى قىلسا، مەسچىتلەردە ئۈنلۈك ئاۋازلار باش كۆتۈرسە، خەلقنىڭ رەزىلى ئۇلارغا باشلىق بولسا، كىشى يامانلىقىدىن قورقۇپ ھۆرمەتلەنسە، ھاراق-شاراپ كۆپ ئىچىلسە، يىپەك كىيىم كىيىلسە، چالغۇ ئەسۋاپلار ئومۇملاشسا، بۇ ئۈممەتنىڭ كىيىنكى نەسلى ئۆتمۈشتىكىلىرىنى قارغىسا، ئۇ ۋاقىتتا قىزىل شامالنى، يەر يۇتۇش ۋە شەكىل ئۆزگىرىش بالايى-ئاپەتلىرىنى كۈتۈڭلار!»- دەپ جاۋاپ بەرگەن.

## 6. قايسىڭلار ياخشى، قايسىڭلار يامان ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بىرەيمۇ؟

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ شۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئولتۇرغان بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ يېنىدا توختاپ:

«قايسىڭلارنىڭ ياخشى، قايسىڭلارنىڭ يامان ئىكەنلىكىنى سىلەرگە ئېيتىپ بىرەيمۇ؟»- دىدى. ئۇلار جىمجىت ئولتۇرۇشتى. ئارقىدىن بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغاندىن كىيىن بىرەيلەن: «بولىدۇ يا رەسۇلۇللا! قايسىمىزنىڭ ياخشى، قايسىمىزنىڭ يامان ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرسىلە»- دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ياخشىلىقى ئۈمىد قىلىنىغان، يامانلىقىدىن خاتىرجەم بولۇنغان كىشى ئەڭ ياخشىلىرىڭلار، ھەمدە ياخشىلىقى ئۈمىد قىلىنمىغان، يامانلىقىدىن خاتىرجەم بولغىلى بولمايدىغان كىشى ئەڭ يامىنىڭلاردۇر»- دىدى.

## 7. غېرىپلارغا بەخىت تىلەيمەن.

ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«گۇياكى يىلان ئۇۋىسىغا قايتقاندەك دىنمۇ ھىجازغا قايتىدۇ ۋە ئۆچكىلەر تاغ چوققىسىدىن ئورۇن ئالغاندەك دىنمۇ ھىجازدا توختايدۇ. دىن غېرىپ ھالەتتە باشلاندى ۋە كەلگۈسىدىمۇ شۇنداق بولىدۇ. مەنىڭدىن كېيىن كىشىلەر تەرىپىدىن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان سۈننىتىمنى جانلاندۇرغان غېرىپلارغا بەخت تىلەيمەن»
[تىرمىزى-ئىمان، مۇسلىم-ئىمان، ئىبنى ماجە-مەناسىك]

## 8. ئاياللارنىڭ كۆپىيىپ، ئەرلەرنىڭ ئازلاپ كېتىشى

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ دەيدۇ:
«مەن سىلەرگە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىغان شۇنداق بىر سۆزنى دەپ بېرەيكى ئۇنى مەندىن باشقا ھېچكىم ئېيتىپ بەرمەيدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن ئىدى:
« ئىلىم كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ جاھالەت قاششاقلىقىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى، زىنايى-ھارام كۆپىيىپ ھاراقلارنىڭ ئىچىلىشى ۋە ئەللىك ئايالغا بىر ئەر توغرا كەلگۈدەك دەرىجىدە ئاياللارنىڭ كۆپىيىپ ئەرلەرنىڭ ئازلاپ كېتىشى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر. [مۇسلىم-ئىلىم، تىرمىزى-فىتنە]

## 9. ئۇ ھەم ھەمرىيىنى ئۆلتۈرمەكچى ئىدى

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ:
«ئىككى مۇسۇلمان بىر-بىرىگە قارشى قىلىچ كۆتۈرۈپ ھەمرايىنى ئۆلتۈرمەكچى بولسا، ھەر ئىككىسى جەھەننەمگە مەھكۇم بولىدۇ»-دېگەندە، (بىيندىكىلەر) «يا رەسۇلۇللاھ! ئۆلتۈرگۈچى (قاتىل)نى چۈشەندۇق، بىراق ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ نىمە گۇناھى بار؟» دەپ سورالدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۇ ھەم ھەمرىيىنى ئۆلتۈرمەكچى ئىدى»-دەپ جاۋاپ بەردى. [نەسەئى — تەھرىمۇددەم]

## 10. كىم ئىسلام كوللېكتىپىدىن بىر غېرىچ ئايرىلسا

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:
«كىم ئىسلام كوللېكتىپىدىن بىر غېرىچ ئايرىلسا، ئىسلام ھالقىسىنى بويىنىدىن سۇغرىۋەتكەن بولىدۇ.» [ئەبۇ داۋۇت-سۈنەن]

## 11. جامائەت بىلەن بىرگە بولۇڭلار

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «جابىيە» يېزىسىدا نوتۇق سۆزلەپ مۇنداق دېگەن ئىدى:
«ئى خالايىق! رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە دېگەننىڭ دەل ئۆزىنى دېيىش يۈزىسىدىن ئاراڭلاردا تۇرماقتىمەن. ئۇ مۇنداق دېگەن ئىدى: "مەن سىلەرنى ساھابىلىرىمغا ئەگىشىشكە، ئۇندىن كېيىن ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەرگە ئەگىشىشكە

ئۇندەيمەن، ئۇندىن كېيىن يالغانچىلىق كۆپىيىپ كېتىدۇ، ھەتتا بىرى قەسەم ئىچسە ئۇنۇڭ قەسىمى قوبۇل قىلىنمايدۇ، گۇۋاھچى بولسا گۇۋاھچىمۇ ئېتىراپ قىلىنمايدۇ. دىققەت قىلىڭلاركى بىر ئەر بىلەن بىر ئايال يالغۇز قالمىسۇن، ئەكسىچە بولغاندا شەيتان ئۇلارنىڭ ئۈچىنچىسى بولىدۇ. جامائەت بىلەن بىللە بولۇڭلار! بۆلۈنۈش ۋە تەپرىقچىلىكتىن قەتئى ساقلىنىڭلار! چۈنكى شەيتان ئىككى كىشىدىن يىراق تۇرغان بولسا، يالغۇز كىشى بىلەن بىللىدۇر. كىمكى جەننەتنىڭ ئەڭ گۈزەل يېرىنى خالىسا جامائەت بىلەن بىللە بولسۇن! كىمنى قىلغان ياخشى ئىشلىرى خۇشاللاندۇرۇپ، يامانلىقلىرى قايغۇغا سالالىسا بۇ ۋاقىتتا ئۇ كامىل مۆئمىن بولغان بولىدۇ. [تىرمىزى — فىتەن]

## 12. ئۇممىتىم ئىچىدە بەزى قەبىلىلەر مۇشرىكلارغا قوشۇلۇپ بۇتلارغا چوقۇنمىغىچىلىك قىيامەت بولمايدۇ.

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايىتىگە قارىغاندا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:

«ئۇممىتىم ئىچىدە بەزى قەبىلىلەر مۇشرىكلارغا قوشۇلۇپ بۇتلارغا چوقۇنمىغىچىلىك قىيامەت بولمايدۇ. يەنە ئۇممىتىم ئىچىدە ئۆزىنى پەيغەمبەر دەپ جار سالىدىغان ئوتتۇز يالغانچى چىقىدۇ، ئەمەلىيەتتە مەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى، مەندىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ. [تىرمىزى-فىتەن، ئەبۇ داۋۇت-فىتەن]

## 13. بىر-بىرىڭلارغا قارشى قىلىچ كۆتۈرۈشمىگىچە قىيامەت بولمايدۇ.

ھۇزەيپە بىن يەمانى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شۇنداق دىگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ:

«جېنىم ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئىماملىڭلار(رەھبىرىڭلار)نى ئۆلتۈرۈپ، بىر-بىرىڭلارغا قارشى قىلىچ كۆتۈرۈشمىگىچە، دۇنيا ئوقۇتىڭلارغا يامان(ناچار)كىشىلەر ۋارىس بولمىغىچە قىيامەت بولمايدۇ. [تىرمىزى-فىتەن، ئىبنى ماجە — فىتەن]

## 14. شۇنداق كىشىلەر مەيدانغا كېلىدۇكى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«شۇنداق پىتنىلەر مەيدانغا كېلىدۇكى ئۇ ۋاقىتتا ئولتۇرغان ئۆرە تۇرغۇچىدىن، ئۆرە تۇرغان ماڭغۇچىدىن، ماڭغان يۈگرەپ كېتىۋاتقۇچىدىن تولىمۇ ياخشى. كىم بۇ پىتنىگە ئارىلىشىپ قالسا پىتنە ئۇنى ئوچۇقتۇرىۋىتىدۇ. كىمكى ئۇنىڭدىن قۇتۇلىدىغان ياكى پاناھلىنىدىغان جاي تاپالىسا ئۇنۇڭ بىلەن پاناھلانسۇن! [بۇخارى-پىتەن، مۇسلىم-پىتەن، ئەبۇ داۋۇت-فىتەن، تىرمىزى-فىتەن]

## 15. ئەخلاقسىزلىق، بۇزۇقچىلىق كۆپەيسە...

زەينەپ بىنتى جەھشتىن رىۋايەت قىلىنىدۇ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن «ئىچىمىزدە سالىھ بەندىلەر بولسىمۇ ھالاك بولامدۇق ؟»-دەپ سورالغاندا ئۇ: «ھەئە، ئەخلاقسىزلىق، بۇزۇقچىلىق كۆپەيسە ھالاك بولىسىلەر»- دەپ جاۋاپ بەردى. [بۇخارى-فىتەن، مۇسلىم-فىتەن، تىرمىزى-فىتەن، ئىبنى ماجە-فىتەن]

## 16. مۇسۇلمانلار بىلەن يەھۇدىلار ئوتتۇرىسىدا بۈيۈك بىر ئۇرۇش چىقمىغۇچە...

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«مۇسۇلمانلار بىلەن يەھۇدىلار ئوتتۇرىسىدا بۈيۈك ئۇرۇش چىقمىغۇچە قىيامەت بولمايدۇ. بۇ ئۇرۇشتا مۇسۇلمانلار يەھۇدىلارغا شۇنداق زەربە بىرىدۇكى، بىر يەھۇدى تاش ۋە دەرەخنىڭ ئارقىسىغا مۆكۈنىۋالسا، ئۇ تاش ۋە دەرەخ: "ئى مۇسۇلمان! ئى ئاللاھنىڭ بەندىسى! يەھۇدى ئارقامغا مۆكۈنىۋالدى، كەل ئۇنى ئۆلتۈر" دەيدۇ. پەقەت غەرقەد دەرىخى بۇنىڭدىن مۇستەسنا، چۈنكى ئۇ يەھۇدى دەرىخىدۇر» [بۇخارى-جىھاد، مۇسلىم-فىتەن، تىرمىزى-فىتەن]

## 17. ئىسلام دىنىنى ئىجرا قىلىش بارغانسىرى قىيىنلىشىدۇ

ئەنەس بىن مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«ئىسلام دىنىنى ئىجرا قىلىش بارغانسىرى قىيىنلىشىدۇ، دۇنيا مۇسۇلمانلارغا ئارقىسىنى قىلىدۇ، ئىنسانلار بارغانسىرى پىخسىق، بىخىللىشىدۇ ۋە قىيامەت پەقەت ئەڭ ناچار كىشىلەرنىڭ ئۈستىگە يۈز بىرىدۇ. مەھدى يالغۇزلا ئىيسا بىن مەريەمدۇر. [مۇسلىم-ئىمارە، ئىبنى ماجە – فىتەن]

## 18. يەر يۈزىدە «ئاللاھ، ئاللاھ» دىيىلىدىكەن

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«يەر يۈزىدە "ئاللاھ، ئاللاھ" دىيىلىدىكەن قىيامەت يۈز بەرمەيدۇ.» [مۇسلىم-ئىمان]

## 19. قارىغۇلارچە تەرەپبازلىق بايرىقى ئاستىدا...

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«كم ئىسلام كوللىكتىۋدىن ئايرىلىپ ئۆلۈپ كەتسە، جاھىلىيەت (بۈيۈك گۇناھ ۋە بەزىدە ئىمانسىزلىق) ئۆلۈمى بىلەن ئۆلگەن بولىدۇ. كىم ئۇممىتىمگە قارشى ئۇرۇش قوزغاپ، ياخشى-يامىنىنى ئايرىماي مۆئمىنلەرگە قۇرال ئىشلەتسە ۋە ئەھدىسىگە (كېلىشىم، توختام) ۋاپا قىلمىسا ئۇنداق كىشى مەندىن ئەمەس. كىم قارىغۇلارچە تەرەپبازلىق قىلىدىغان بايراق ئاستىدا ئۇرۇش قىلىپ (باشقىلارنى) تەرەپبازلىققا چاقىرسا ياكى ئۆنۈڭ ئۈچۈن غەزەپلىنىپ ئۇرۇشسا ۋە (بۇ يولدا) ئۆلتۈرۈلسە، ئۇنداق ئۆلۈم جاھىلىيەت ئۆلۈمىدۇر.» [نەسەئى- تەھرىمۇددەم]

## 20. زامان قىسقىراپ كېتىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«زامان قىسقىراپ كېتىدۇ. (ياخشى) ئىشلار ئازىيىدۇ، پىخسىقلىق كۆپىيىدۇ، پىتنىلەر چىقىدۇ، ھەرەج كۆپ يۈز بېرىدۇ» ساھابىلەر سورى: «يا رەسۇلۇللاھ! ھەرەج دەپ نىمىنى دەيمىز؟» رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم «ئۆلتۈرۈش، ئۆلتۈرۈش»- دەپ جاۋاپ بەردى.

## 21. تىللىرى شېكەردىن تاتلىق...

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«ئاخىر زاماندا شۇنداق كىشىلەر پەيدا بولىدىكى، دۇنيا ئۈچۈن دىنىنى ساتىدۇ، باشقىلارغا مۇلايىم كۆرۈنۈش ئۈچۈن قوي تېرىسى بىلەن يۆگىلىدۇ (ئالدامچىلىقتىن كىنايە). ئۇلارنىڭ تىللىرى شېكەردىنمۇ تاتلىق، بىراق دىللىرى بۆرىنىڭكىدەك (قاتتىق). ئاللاھ تائالا بۇلار ھەققىدە شۇنداق دەيدۇ: ‹بۇلار مېنىڭ رەھمىتىمگە ئالدىنىپ كېتىۋاتامدۇ ياكى ماڭا قارشى تۇرۇشقا جۈرئەت قىلىۋاتامدۇ؟ قەسەم بىلەن ئېيتىمەنكى ئۇلارنى ئۆز ئىچىدىن بىر پىتنىگە گىرىپتار قىلىمەن، ھەتتا ئەڭ ئېغىر-بېسىقلىرىمۇ گاڭگىراپ قالىدۇ» [تىرمىزى- زۇھد]

## 22. بىر-بىرگە قارشى كۈشكۈرتىشتىن ئۈمىدىنى ئۈزگىنى يوق.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«شەيتان ناماز ئوقۇغۇچى بەندىلەرنى ئۆزىگە ئىبادەت قىلدۇرۇشتىن ئۈمىدىنى ئۈزدى، لىكىن ئارىسىدا پىتنە قوزغاپ بىر-بىرگە قارشى كۈشكۈرتىشتىن ئۈمىدىنى ئۈزگىنى يوق». [مۇسلىم-مۇناپىقىن، تىرمىزى- بىرر]

## 23. لات ۋە ئۇززا بۇتلارغا قايتا ئىبادەت قىلىنمىغۇچىلىك قىيامەت بولمايدۇ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«لات ۋە ئۇززا بۇتلارغا قايتا ئىبادەت قىلىنمىغۇچىلىك قىيامەت بولمايدۇ.» ئائىشە بۇ ھەقتە: «مەن ئاللاھ تائالانىڭ: ‹ئاللاھ ھەق دىننى پۈتۈن دىنلاردىن ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىنى ھىدايەت ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى، مۇشرىكلار ئۇنىڭ ئۈستۈن بولۇشىنى يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ› (9-33) دېگەن ئايىتى نازىل قىلىنغاندا بۇنىڭ ۋەيىغا يەتكەنلىكىنى گۇمان قىلاتتىم دېدىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: «ئاللاھ خالىغان زامانغىچىلىك ئاشۇنداق داۋاملىشىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن خۇشپۇراق بىر شامالنى ئەۋەتىدۇ ۋە قەلبىدە قىچىنىڭ دانىسىچىلىك ئىمانى بار ھەر بىر شەخس ۋاپات بولىدۇ، ياخشىلىقتىن قىلچىمۇ ئەسەر يوق كىشىلەر قېلىپ قالىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇلار ئاتىلىرىنىڭ (بۇددىزىم) دىنىغا قايتىدۇ» [بۇخارى-فىتەن، مۇسلىم-فىتەن، تىرمىزى-فىتەن، ئىبنى ماجە — زوھ]

## 24. مەھدى مەندىن (ئەھلى بەيتىمدىن) چىقىدۇ.

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«مەھدى مەندىن (ئەھلى بەيتىمدىن) چىقىدۇ. پېشانىسى كەڭ، قاڭشارلىق. ئۇ زۇلۇم ۋە ناھەقچىلىك بىلەن تولغان زېمىننى، ئادالەت ۋە ھەققانىيەت بىلەن پۈركەيدۇ ۋە يەتتە يىل ھۆكۈم سۈرىدۇ.» [ئەبۇ داۋۇت — مەھدى]

## 25. ھەر بەندە قايسى ھالەتتە ئۆلگەن بولسا...

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«ھەر بەندە قايسى ھالەتتە ئۆلگەن بولسا شۇ بويىچە تىرىلدۈرۈلىدۇ. [مۇسلىم-جەننەت]

## 26. ئى خالايىق! پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ھوزۇرىغا كېلىڭلار!

ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«سۇر چېلىنىدۇ، بۇنى ئاڭلىغان ھەر-بىر كىشى ئىستىسناسىز ھوشىنى يوقۇتۇپ ئۆلىدۇ. سۇر ئاۋازىنى تۇنجى قىلىپ تۆگىسىنىڭ كۆلچىكىنى ئوڭشاۋاتقان بىر كىشى ئاڭلايدۇ ۋە دەرھال ھوشسىزلىنىپ ئۆلىدۇ. باشقا ئىنسانلارمۇ ئۆلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھ بەئەينى سايىۋەندەك

يامغۇر ياغدۇرىدۇ، بۇ يامغۇر بىلەن ئىنسانلار خۇددى ئۆسۈملۈكتەك ئۈنۈپ چىقىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى قېتىملىق سۇر چېلىنىدۇ ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەت بىردەك كۆتىشىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن:

«ئى خالايىق! پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ھوزۇرىغا كېلىڭلار! ئۇلارنى توختىتىڭلار، چۈنكى جاۋابكارلىققا تارتىلىپ سوراق قىلىنىدۇ!»- دەپ نىدا قىلىنىدۇ. ئاخىرى:

«جەھەننەمگە مەھكۇم بولغانلارنى چىقىرىڭلار!»-دېگەن نىدا ئاڭلىنىدۇ. قانچىلىك كىشى؟ دەپ سورالغاندا،

«ھەر مىڭ كىشىدىن توقسەن توققۇزى دېيىلىدۇ». بۇ شۇنداق كۈنكى، بالىلارنىڭ بېشىنى ئاقارتىۋېتىدۇ ۋە ئۇ كۈندە ئىش جىددىيلىشىدۇ. [مۇسلىم-فىتەن]

## 27. ئۇ كۈن دەھشەتلىك بىر كۈنكى، بىر-بىرىگە قاراش خىيالىغىمۇ كەلمەيدۇ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«رەسۇلۇللاھ قىيامەت كۈنىدە ئىنسانلار يالاڭ ئاياق، يالىڭاچ (ئانىدىن تۇغما پېتى) ۋە خەتنىسى قىلىنمىغان ھالەتتە توپلىنىدۇ»- دېدى. مەن: «ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئەرلەر ۋە ئاياللار بىر-بىرىگە قارىشامدۇ؟»- دەپ سورىغىنىمدا:

«ئى ئائىشە! ئۇ كۈن شۇنداق دەھشەتلىك بىر كۈنكى، بىر-بىرىگە قاراش كىشىنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمەيدۇ»-دەپ جاۋاپ بەردى. [ئىبنى ماجە-زۇھد]

## 28. دىققەت قىلىڭلار ئۇنىڭ بىر كۆزى كور.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، پەيغەمبەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«ئۇممىتىنى بىر كۆزى كور، يالغانچى (دەججال)دىن ئاگاھلاندۇرمىغان ھېچبىر پەيغەمبەر يوق. دىققەت قىلىڭلار! ئۇنىڭ بىر كۆزى كوردۇر. پەرۋەردىگارىڭلار ئۇنداق ئەمەس. ئۇ (دەججال)نىڭ ئىككى كۆزى ئارىسىدا (ك ف ر) كاپىر دەپ يېزىقلىق. ھەر مۇسۇلمان ئۇنى ئوقۇيالايدۇ. [بۇخارى-فىتەن، مۇسلىم-فىتەن، ئەبۇ داۋۇت- مەلاھىم، تىرمىزى — فىتەن]

## 29. دەججال

ھۇزەيپە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، پەيغەمبەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«دەججالنىڭ يېنىدا نىمىلەرنىڭ بارلىقىنى مەن ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق بىلىمەن. ئۇنىڭ يېنىدا ئېقىۋاتقان ئىككى دەريا بار، بىرى كۆرۈنۈشتە ئاپئاق سۇ، يەنە بىرى يالقۇنلاپ يېنىۋاتقان ئوت شەكلىدە كۆرىنىدۇ. ئۇنىڭغا يولۇقۇپ قالغان كىشى ئوت كۆرۈنگەن دەريانىڭ يېنىغا بارسۇن ۋە بېشىنى ئىگىپلا ئۇنىڭدىن ئىچسۇن! چۈنكى ئۇ سوغۇق سۇدىن ئىبارەت. دەججالنىڭ بىر كۆزى كور بولۇپ، كۆزىدە قېلىن پەردە بار. ئىككى كۆزى ئوتتۇرسىدا «كاپىر»

دەپ يېزىقلىق، ساۋاتلىق ياكى ساۋاتسىز ھەرقانداق مۆمىن ئۇنى ئوقۇيالايدۇ. [بۇخارى — فىتەن، مۇسلىم-فىتەن]

## 30. دەججالدىن باشقا بۈيۈكرەك ھادىسە يوق.

ھىشام ىبن ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، پەيغەمبەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ يارىتىلىشىدىن قىيامەتكە قەدەر بولغان دەۋر ئىچىدە دەججالدىن باشقا بۈيۈكرەك ھادىسە يوق». [مۇسلىم- فىتەن]

## 31. دەججالنىڭ ئىككى كۆزى ئوتتىرسىغا «كاپىر» دەپ يېزىقلىق.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، پەيغەمبەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«بىلىڭلاركى ھېچبىرىڭلار ئۆلۈشتىن بۇرۇن پەرۋەردىگارىڭلارنى كۆرەلمەيسىلەر. شۇنىسى چوقۇمكى دەججالنىڭ ئىككى كۆزى ئوتتىرسىدا «كاپىر» دەپ يېزىقلىق. بۇنى ئۇنىڭ قىلمىشىنى ياقتۇرمىغان ھەركىم ئوقۇيالايدۇ.» [تىرمىزى-فىتەن، مۇسلىم- فىتەن]

## 32. دەججال پاكار.

ئۇبادە ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، پەيغەمبەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

مەسىھ دەججال پاكار، بىر ئاز چىپتىنى كىرىپ ماڭىدىغان، بۇدۇر چاچلىق، بىر كۆزى كور بولۇپ، ئۇ كۆزى سىرتقا پولتىيىغلىقمۇ ئەمەس، شۇنداقلا چوڭقۇرمۇ ئەمەس، مۇبادا دەر گۇمان بولۇپ قالساڭلار شۇنى ياخشى بىلىۋېلىڭلاركى پەرۋەردىگارىڭلار كور ئەمەس.» [ئەبۇ داۋۇت- مەلاھىم]

## 33. دەججالنىڭ ئۆزىگە خاس جەننىتى ۋە دوزىخى بار.

ھۇزەيپە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، پەيغەمبەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«دەججال سول كۆزى كور. بۇدۇر چاچلىق بىرى. ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس جەننىتى ۋە دوزىخى بار. ئەمىلىيەتتە ئۇنىڭ دوزىخى جەننەت، جەننىتى دوزاختۇر.» [مۇسلىم-فىتەن، ئىبنى ماجە- فىتەن]

## 34. كىم دەججالنى ئاڭلىسا ئۇنۇڭدىن يىراق تۇرسۇن.

ئىمران بىن ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، پەيغەمبەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«كىم دەججالنى ئاڭلىسا ئۇنۇڭدىن يىراق تۇرسۇن، ئەزبىرايى خۇدا كىشى ئۇنۇڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنۇڭدىكى بەزى شۈبھىلىك خىسلەتلەرنى كۆرگىنىدە، مۆئمىنلىكىنى گۇمان قىلىپ ئەگىشىپ سالىدۇ. » [ئەبۇ داۋۇت-مەلاھىم]

## 35. دەججال شەرقتىكى خۇراسان دېگەن يەردىن چىقىدۇ.

ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، پەيغەمبەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«دەججال شەرقتىكى خۇراسان دېگەن يەردىن چىقىدۇ. يۈزلىرى تېرە بىلەن قاپلانغان قالقانغا ئوخشاش قەۋملەر ئۇنۇڭغا ئەگىشىدۇ.» [ترمىزى-فىتەن]

## 36. ئىسپەھان يەھۇدىلىرىدىن...

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، پەيغەمبەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«ئىسپەھان يەھۇدىلىرىدىن «تەيلەسان» (بىر خىل كىيىم) كىيىۋالغان يەتمىشمىڭ كىشى دەججالغا ئەگىشىدۇ، » [مۇسلىم- فىتەن]

# قۇرئان كەرىمدىكى قىيامەت مەنزىرىسى

## 1. ئۇلار سەندىن قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى سورايدۇ.

(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى سورايدۇ، ئېيتقىنكى، «ئۇنۇڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى پەقەت پەرۋەردىگارىم (ئاللاھ) بىلىدۇ، ئۇنى پەقەت ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقىتتا مەيدانغا چىقىرىدۇ. قىيامەت ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ (ئەھلىگە ) ئېغىر (ۋەقە)دۇر. ئۇ سىلەرگە تۇيۇقسىز كېلىدۇ.» گويا سەن قىيامەت بىلەن ناھايىتى تونۇشتەك ئۇنى سەندىن سورىشىدۇ. ئېيتقىنكى: «ئۇنۇڭ ۋاقتىنى پەقەت ئاللاھ بىلىدۇ، لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى(ئۇنۇڭ ۋاقتىنىڭ مەخپى بولىشىدىكى سەۋەپنى)بىلمەيدۇ. [ئەئراب، 187]

## 2. كاپىرلارنىڭ ئېيتقان ئىمانىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ.

ئۇلار (يەنى مەككە كۇپپارلىرى مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن): «(بىز بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا چىقىرىلىدىغان) بۇ ھۆكۈم قاچان ئەمەلگە ئاشىدۇ؟ ئەگەر سىلەر (دەۋايىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار (ئېيتىپ بېرىڭلار)» دەيدۇ. ئېيتقىنكى: «ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان كۈندە كاپىرلارنىڭ ئېيتقان ئىمانىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ، ئۇلارغا مۆھلەتمۇ بېرىلمەيدۇ» [سەجدە-29]

## 3. ئۇنى بىلىش پەرۋەردىگارىڭغا خاستۇر.

ئۇلار سەندىن قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى سورايدۇ، سەن ئۇنى قانداقمۇ بايان قىلىپ بېرەلەيسەن؟ ئۇنى بىلىش پەرۋەردىگارىڭغا خاستۇر. سېنىڭ ۋەزىپەڭ پەقەت قىيامەتتىن قورقىدىغان ئادەمنى ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. ئۇلار قىيامەتنى كۆرگەن كۈندە گويا ئۆزلىرىنى (دۇنيادا) پەقەت بىر كەچقۇرۇن ياكى بىر ئەتىگەن تۇرغاندەك گۇمان قىلىدۇ. [نازىئات.4-46]

## 4. قىيامەت سىلەرگە چوقۇم كېلىدۇ.

كاپىرلار: «بىزگە قىيامەت كەلمەيدۇ»-دەيدۇ. ئېيتقىنكى: «ئۇنداق ئەمەس، پەرۋەردىگارىم بىلەن قەسەمكى، قىيامەت سىلەرگە چوقۇم كېلىدۇ، ئاللاھ غەيىپنى بىلگۈچىدۇر. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى زەررە چاغلىق نەرسە ئاللاھتىن يىراق ئەمەستۇر. ئۇنىڭ (يەنى زەررە) دىن كىچىكرەك نەرسە بولسۇن، چوڭراق نەرسە بولسۇن، لەۋھۇلمەھپۇزغا خاتىرىلەنمىگىنى يوق» (ئۇلارنىڭ لەۋھۇلمەھپۇزدا خاتىرىلىنىشى) ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى موكاپاتلاش ئۈچۈندۇر. ئەنە شۇلار مەغپىرەتكە ۋە ئېسىل رىزىققا ئېرىشىدۇ. بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە كۈچىنىڭ بىرىچە قارشى تۇرغانلار قاتتىق ئازاپقا دۇچار بولىدۇ. [سەبەئ. 3-5]

## 5. ئۇنداقتا ئۆزۈڭ ھالاك بولسەن.

قىيامەتنىڭ بولىشى مۇھەققەقتۇر. ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ ئەمىلىگە يارىشا موكاپاتلىنىشى ئۈچۈن (يەنى ئۇنىڭ قاچان بولىشىنى)مەخپى تۇتتۇم. قىيامەتكە ئىشەنمەيدىغان ۋە نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشكەن ئادەم سېنى ئۇنىڭدىن (يەنى قىيامەتكە تەييارلىق قىلىشتىن ۋە ئۇنى تەستىق قىلىشتىن) توسمىسۇن. ئۇنداقتا ئۆزۈڭ ھالاك بولسەن. (چۈنكى ئاخىرەتتىن غاپىل بولۇش ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ) [تاھا. 16]

## 6. بەچچىداندىكىلەرنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى ئاللاھ بىلىدۇ.

قىيامەت(نىڭ بولىدىغان ۋاقتى) توغرىسىدىكى بىلىم ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر. ئاللاھ يامغۇرنى (ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقىتتا ۋە ئۆزى بەلگىلىگەن جايغا) ياغدۇرىدۇ. بەچچىداندىكىلەرنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى (ئوغۇلمۇ، قىزمۇ، بېجىرىممۇ، كەمتۈكمۇ،

بەختلىكمۇ، بەختسىزمۇ؟) ئاللاھ بىلىدۇ. ھېچ ئادەم ئەتە نىمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى (يەنى ئۇنۇڭغا نىمە ئىش بولىدىغانلىقىنى، ياخشى يامان ئىشلاردىن نىمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى) بىلمەيدۇ، ھېچ ئادەم ئۆزىنىڭ قەيەردە ئۆلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن (پۈتۈن ئىشلارنى )بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. (شەيئىلەرنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى تەرەپلىرىدىن) تولۇق خەۋەرداردۇر. [لوقمان. 34]

## 7. ... ... ئۇنۇڭ باشقىلارغا قارىشىغا يار بەرمەيدۇ.

(قىيامەتنىڭ) قۇلاقنى گاس قىلغۇدەك قاتتىق ئاۋازى كەلگەن چاغدا (ھەممە ئادەم ئۆز ھالى بىلەن بولۇپ قالىدۇ) ئۇ كۈندە كىشى ئۆزىنىڭ قېرىندىشىدىن، ئانىسىدىن، ئاتىسىدىن، خوتۇنىدىن ۋە بالىلىرىدىن قاچىدۇ. ئۇ كۈندە ھەر ئادەمنىڭ بىر ھالى بولۇدۇكى، ئۇنۇڭ باشقىلارغا قارىشىغا(شۇ ھالى) يار بەرمەيدۇ. ئۇ كۈندە نۇرغۇن يۈزلەردىن نۇر، كۈلكە ۋە خۇشال-خۇراملىق يېغىپ تۇرىدۇ. يەنە بۇ كۈندە نۇرغۇن يۈزلەرنى چاڭ-توزان بېسىپ كەتكەن، قارىداپ كەتكەن بولىدۇ. بۇلار بولسا كاپىرلاردۇر، پاجىرلاردۇر. [ئەبەسە. 34-42]

## 8. بۇ كۈندە (ئۇ كۈننى) ئىنكار قىلغۇچىلارغا ۋاي.

ھۆكم چىقىرىلىدىغان كۈننىڭ نىمىلىكىنى(يەنى ئۇنۇڭ دەھشىتىنى) قانداق بىلەلەيسەن؟ بۇ كۈندە (ئۇ كۈننى) ئىنكار قىلغۇچىلارغا ۋاي! (پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن) ئىلگىركىلەرنى ھالاك قىلمىدۇقمۇ؟ ئاندىن ئۇلارغا ئەگەشتۇرۇپ كېيىنكىلەرنى ھالاك قىلدۇق. گۇناھكارلارنى مۇشۇنداق قىلىمىز(جازالايمىز). بۇ كۈندە (ئۇ كۈننى) ئىنكار قىلغۇچىلارغا ۋاي! سىلەرنى بىز ئاجىز مەنىدىن ياراتمىدۇقمۇ؟ ئۇنى بىز مەلۇم ۋاقىتقىچە (يەنى تۇغۇلغۇچە)پۇختا ئارامگاھ(يەنى بەچچىدان)دا قىلدۇق. [مۇرسەلات. 14-22]

## 9. كۈن بىلەن ئاي بىرلەشتۈرۈلگەن چاغدا...

ئۇ (مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن) «قىيامەت قاچان بولىدۇ؟»- دەپ سورايدۇ. كۆزلەر تورلاشقان، ئاينىڭ نۇرى ئۆچكەن، كۈن بىلەن ئاي بىرلەشتۈرۈلگەن چاغدا، ئىنسان بۇ كۈندە «قاچىدىغان جاي قەيەردە؟»-دەيدۇ. ياق، (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) قاچىدىغان پاناھگاھ يوقتۇر. بۇ كۈندە قارارگاھ پەرۋەردىگارىڭنىڭ تەرىپىدۇر. بۇ كۈندە ئىنسانغا (چوڭ بولسۇن، كىچىك بولسۇن، ياخشىلىق بولسۇن، يامانلىق بولسۇن) ئىلگىرى ئاخىر قىلغان ئەمەللىرى ئۇقتۇرۇلىدۇ. [قىيامەت. 6-13]

## 10. ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى بىلىدۇ.

كۈننىڭ نۇرى ئۆچكەن چاغدا، يۇلتۇزلار تۆكۈلگەن چاغدا، تاغلار گۇمران بولغان چاغدا، بوغاز تۆگىلەر تاشلىۋىتىلگەن چاغدا، ياۋايى ھايۋانلار توپلانغان چاغدا، دېڭىزلار ئوت بولۇپ لاۋۇلدىغان چاغدا، جانلار (ئۆز قاياشلىرىغا) قوشۇلغان چاغدا، تىرىك كۆمۈۋىتىلگەن قىزدىن: «سەن قايسى گۇناھ بىلەن ئۆلتۈرۈلدىڭ؟» دەپ سورالغان چاغدا، نامە-ئەمەللەر

ئېچىلغان چاغدا، دوزاخ قىزىتىلغان چاغدا، جەننەت (تەقۋادارلارغا) يېقىنلاشتۇرۇلغان چاغدا، ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ قىلغان (ياخشى-يامان) ئىشلىرىنى بىلىدۇ. [تەكۋىر. 1-14]

## 11. ئىنسانلارنى مەس كۆرىسەن، ھالبۇكى ئۇلار مەس ئەمەس.

ئى ئىنسانلار! پەرۋەردىگارىڭلاردىن(يەنى ئازابىدىن) قورقۇڭلار. قىيامەتنىڭ زىلزىلىسى ھەقىقەتەن چوڭ ئىشتۇر. ئۇ كۈندە ھەر بىر سۈت ئېمىتىۋاتقان ئايال(قاتتىق قورقۇنچتىن تىگىرقاپ قېلىش بىلەن) ئېمىتىۋاتقان بوۋىقىنى ئۇنتۇيدۇ. ھەر بىر ھامىلدار ئايالنىڭ بويىدىن ئاجراپ كىتىدۇ. ئىنسانلارنى مەس كۆرىسەن. ھالبۇكى ئۇلار (ھەقىقەتتە) مەس ئەمەس. (دىمەك قىيامەتنىڭ دەھشىتى ئۇلارنى ئەس ھوشىدىن كەتكۈزىۋەتكەن) لىكىن ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر. [ھەج. 1-2]

## 12. زالىملارنىڭ ئۆزىرىسىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ.

قىيامەت قايىم بولغان كۈندە مۇشرىكلار (دۇنيادا) پەقەت ئازغىنا ۋاقىت تۇرغانلىقىغا قەسەم قىلىدۇ. ئۇلاردۇنيادىكى چاغلىرىدىمۇ مۇشۇنداق يالغانچىلىق قىلاتتى. ئىلمى بار، ئىمانى بار ئادەملەر ئېيتتى: «سىلەر ئاللاھنىڭ تەقدىرى بويىچە (دۇنيادا ۋە قەبرىلەردە)قىيامەت كۈنىگىچە قالدىڭلار، مانا بۇ قىيامەت كۈنىدۇر، لىكىن سىلەر بىلمەيتتىڭلار. (يەنى قىيامەتنىڭ ھەقلىقىغا ئىشەنمەيتتىڭلار) بۇ كۈندە زالىملارنىڭ (ئېيتقان) ئۆزرىسىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ. ئۇلاردىن ئۇلارنىڭ (تەۋبە قىلىشى ياكى ئىتائەت قىلىشى بىلەن) ئاللاھنى رازى قىلىشىمۇ تەلەپ قىلىنمايدۇ. [رۇم. 55-57]

## 13. بارلىق ئاۋازلار بېسىقىدۇ.

ئۇلار سەندىن تاغلار توغرۇلۇق (يەنى تاغنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق) سورايدۇ. ئېيتقىنكى: «پەرۋەردىگارىم ئۇنى كۇكۇم-تالقان قىلىپ (ئاندىن شامالنى ئەۋەتىپ ئۇنى سورىيدۇ) ئۇلارنى تۈزلەڭلىككە ئايلاندۇرىدۇ. ئۇ يەرلەردە نە چوڭقۇرلۇقنى، نە ئېگىزلىكنى كۆرەلمەيسەن» بۇ كۈندە (كىشىلەر ئاللاھنىڭ مەھشەرگاھقا) دەۋەت قىلغۇچىسىغا ئەگىشىدۇ، قىڭغىر كەتمەيدۇ. مەرھەمەتلىك ئاللاھنىڭ ئۇلۇقلۇقى ۋە ھەيۋىتىدىن قورقۇپ بارلىق ئاۋازلاربېسىقىدۇ. پىچىرلاشقاندىن باشقىنى ئاڭلىمايسەن. [تاھا. 105-107]

## 14. ئىنسانلار تارىلىپ كەتكەن پەرۋانىدەك بولۇپ كىتىدۇ.

قىيامەت نىمىدۇر ؟ قىيامەتنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى قانداق بىلەلەيسەن ؟ ئۇ كۈندە ئىنسانلارتارىلىپ كەتكەن پەرۋانىدەك بولۇپ كىتىدۇ. تاغلار ئېتىلغان يۇڭدەك بولۇپ كىتىدۇ. تارازىسى ئېغىر كەلگەن (يەنى ياخشىلىقلىرى يامانلىقلىرىنى بېسىپ چۈشكەن) ئادەمگە كەلسەك، ئۇ كۆڭۈللۈك تۇرمۇشتا (يەنى نازۇ-نىئمەتلىك جەننەتتە) بولىدۇ. تارازىسى يىنىك كەلگەن (يەنى يامانلىقلىرى ياخشىلىقلىرىنى بېسىپ كەتكەن، ياكى ياخشىلىق بولمىغان)

ئادەمگە كەلسەك، ئۇنۇڭ جايى ھاۋىيە بولىدۇ. ھاۋىيەنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى سەن قانداق بىلەلەيسەن؟ ھاۋىيە قىززىق ئوتتۇر. [قارىئە]

## 15. ئۇ كۈندە ئۇلار دوزاخقا قاتتىق ئىتتىرلىدۇ.

ئۇ كۈندە ئاسمان قاتتىق تەۋرەيدۇ. تاغلار قاتتىق سەيىر قىلىدۇ. (يەنى زىمىننىڭ ئۈستىدىن توزۇپ يوقۇلۇپ كىتىدۇ) ئۇ كۈندە (پەيغەمبەرلەرنى) ئىنكار قىلغانلارغا ۋاي! ئۇلار (دۇنيادا) غەپلەتتە چۆمگەنلەردۇر. ئۇ كۈندە ئۇلار دوزاخقا قاتتىق ئىتتىرلىدۇ. (ئۇلارغا) «(كۆزلىرىڭلار بىلەن كۆرۈپ تۇرىۋاتقان بۇ ئازاب) سىھىرمۇ؟ ياكى سىلەر كۆرمەيۋاتامسىلەر؟ دوزاخقا كىرىڭلار! (ئازاپقا) مەيلى سەبىر قىلىڭلار، مەيلى سەبىر قىلماڭلار بەرىبىر سىلەرگە ئوخشاش. (چۈنكى سىلەر دوزاختا مەڭگۈ قالىسىلەر) سىلەر پەقەت قىلمىشىڭلارنىڭ جازاسىنى تارتىسىلەر» (دىيىلىدۇ) [نۇر. 9-16]

## .16

بىرىنچى قېتىملىق سۇر چېلىنغان چاغدا زىمىن ۋە تاغلار (ئورۇنلىرىدىن) كۆتۈرلىپ (بىر-بىرىگە) ئۇرۇلۇپ (ئۇۋۇلۇپ كەتكەن) چاغدا، بۇ كۈندە چوك ئىش (يەنى قىيامەت) يۈز بىرىدۇ. ئاسمان يېرىلىدۇ. بۇ كۈندە ئاسمان (قالايمىقانلىشىپ) ئاجىزلىشىپ كىتىدۇ. پەرىشتىلەر ئاسماننىڭ ئەتراپىدا تۇرىدۇ. بۇ كۈندە پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەرشىنى سەككىز پەرىشتە (باشلىرى) ئۈستىدە كۆتىرىپ تۇرىدۇ... [ھاققە. 13-17]

## پايدىلىنىلغان ماترىياللار:

1. قۇرئان كەرىم
2. مەشھۇر ئالتە ھەدىس كىتابلار (سىھاھ سىتتە)
3. Dunyada islama koşanlar
4. ilim ve din (1_2)
5. Zafer dergisi
6. Evrimcilerin yanılıgları